**يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى**

# كوممۇنىستلار شىنجاڭدا خەلق ئاممىسىنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ئاتلىنىشقا يېتەكلىدى

## —— 8 ـ ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى خاتىرە سارىيىنى زىيارەت

**جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز**

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جيا چۈنشيا**

ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 392 ـ نومۇرلۇق قورۇدا، كۆك خىشتىن لەمپە چىقىرىلغان ئىككى قەۋەتلىك بىر كىچىك بىنا بار، بۇ، «8 ـ ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى خاتىرە سارىيى». ئۇنىڭدا 1937 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، چېن يۈن، تېڭ دەييۈەن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە 100دىن ئارتۇق جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان ۋە تۈرمىدە باتۇرلارچە تىز پۈكمەي كۈرەش قىلغان تارىخى ئومۇمىي كۆرۈنۈشى نامايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ بايرىقى ئاستىدا شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا پائال ئاتلىنىشقا يېتەكلىگەنلىكىنىڭ تارىخىي دەلىلى.

1937 ـ يىلى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، ھەر ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتنىشىشقا تۈرتكە بولۇپ، مىللەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى)دا 8 ـ ئارمىيەنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنى تەسىس قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 8 ـ ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە پارتىيەنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتىنى پائال يارىتىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىك سېپىنى كېڭەيتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەسىر كۈچىنى كۈچەيتىپ، كوممۇنىزم ئۇچقۇنىنى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا يالقۇنجاتتى.

دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى بىلەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىگە پائال ئاتلاندى: ئالدىنقى سەپنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، نۇرغۇن پۇل ـ مال، ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى؛ خەلقئارا قاتناش لىنىيەسىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي ئەشيا سەرپ قىلدى.

8 ـ ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى خاتىرە سارىيىدا، قىزىل تۇم سىزىق بىلەن سىزىلغان ئەينى يىللاردىكى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى خەلقئارا قاتناش لىنىيەسىنىڭ كۆرگەزمە خەرىتىسى بار. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلدە، دەل ئاسىيا، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇشۇ قاتناش لىنىيەسى ئارقىلىق، خەلقئارانىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىش ماددىي ئەشيالىرى شىنجاڭ ئارقىلىق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئۈزۈلمەي توشۇلغان. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە، بۇ لىنىيەدە توشۇلغانلىرىنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن ماددىي ئەشيالار بولۇپ، ئايروپىلان، تانكا، زەمبىرەك قاتارلىق قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ياپونىيە ئارمىيەسى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، دېڭىز ترانسپورتى ئۈزۈۋېتىلگەن، يۈننەن ـ بىرما تاشيولى قامال قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلقئارانىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىش ماددىي ئەشيالىرىنى جۇڭگوغا كىرگۈزۈشتىكى بىردىنبىر يولى بولۇپ قالغان. بۇ خەلقئارا قاتناش لىنىيەسىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەينى يىلى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى غايەت زور جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، جۇڭگونىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى تارىخىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى پۈتكەن.

«8 ـ ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەپ، خەلقئارا قاتناش لىنىيەسىنىڭ راۋانلىقىنى قوغداپ، ھەربىي تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.» ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇزېيى (شەھەرلىك ئىنقىلابىي تارىخ خاتىرە ئورنىنى باشقۇرۇش مەركىزى)نىڭ كەسپىي مەسئۇلى تۇرسۇن قېزىربېك مۇنداق دېدى: 8 ـ ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ شىنجاڭدا قانات يايدۇرغان پائالىيەتلىرى جۇڭگونىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسى ئۈچۈن ئۆچمەس تارىخىي تۆھپە ياراتتى، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ھەتتا ھاياتى بەدىلىگە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىنى چوڭقۇر شەرھلىدى: دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىدا ھەر كىمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار دېگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان، ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەيدىغان مىللىي غۇرۇر، زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان، ئاداققىچە جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتى، ئېگىلمەيدىغان ـ سۇنمايدىغان، قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادىدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە، خاتىرە سارىيى قورۇسى ئىشىكى ئالدىغا مەملىكەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەربىيەسى بازىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيەسى بازىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ پاكلىق تەربىيەسى بازىسى دېگەن ۋىۋىسكىلار ئېسىلدى. بۇ يەردە بىز ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىنى ھېس قىلالايمىز، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ بىزنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.



**قومۇل قوغۇنى «يېشىل يول» ئارقىلىق سىرتقا سېتىلدى**

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئارا تۈرۈك ناھىيەسىنىڭ نوم بازىرىدىكى قوغۇنچى دېھقانلار كەنجى قوغۇنلارنى ئۈزمەكتە. ئارا تۈرۈك ناھىيەلىك ھۆكۈمەت باشلامچى بولۇپ، بېڭتۇەن بىلەن يەرلىك ھەمكارلىشىپ، ئاراتۈرۈك ناھىيەسىدىن باشلىنىپ باركۆل، مورى، شىخەنزە قاتارلىق توققۇز ناھىيە، شەھەرنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان «يېشىل يول» ئېچىپ سىرتقا ساتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، توردا ۋە تور سىرتىدا ئۇچۇر ئېلان قىلىش ئارقىلىق، گەنسۇ، خېنەن، گۇاڭدۇڭ، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردىكى قوغۇن سودىگەرلىرىنى زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىشقا جەلپ قىلدى. □ ما شىنلياڭ فوتوسى

**بىرىنچى سەپتىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان قەھرىمانلار شەجەرىسى**

[ئىستون سۆزى]

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى. بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئاتاكىدا ئالدىدا ئۆتۈپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى؛ تېببىي خىزمەتچىلەر كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھاياتلىقنى قوغدىدى؛ مەھەللە خىزمەتچىلىرى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلدى؛ پىدائىيلار سەممىي ئۆزىنى بېغىشلىدى، ھېرىپ ـ چارچاشتىن باش تارتمىدى، قەيەر ئېھتىياجلىق بولسا شۇ يەرگە ئاتلاندى... بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز «بىرىنچى سەپتىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان قەھرىمانلار شەجەرىسى» ئىستونى ئېچىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى خادىملارنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلىدۇ، بۇ مەيدان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە تاۋلىنىپ چىققان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش روھىنى نامايان قىلىدۇ.

سۈن جياڭ:

# خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلەيمەن

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋېي خۇڭپېڭ**

«خوتۇنۇم باللارنىڭ ئۆيىدە، قايتىپ كەلمىدى، مەن يالغۇز تۇردۇم، ھېلىمۇ ياخشى سۈن شۇجى ۋە مەھەللىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بولغاچقا، بۇ مەزگىلدە مەن ياخشى يېدىم، ياخشى ئۇخلىدىم، سالامەتلىكىم ناھايىتى ياخشى بولدى.» 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونى لۇڭشېڭ كوچىسى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى باجياخۇ مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى دەي چېڭشىن مەھەللىنىڭ 1 ـ شۇجىسىنى تىلغا ئالغاندا، تەرىپلەش ھېسسىياتى چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى: «سۈن شۇجى چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېسىدە تۇتۇپ، مېنىڭ ھالىمدىن ئەتراپلىق خەۋەر ئالدى، ئۆز بالامدىنمۇ ئەستايىدىل بولدى».

بوۋاي ماختىغان شۇجى شىمگۇ رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باجياخۇ مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، مەھەللىنىڭ 1 ـ شۇجىسى سۈن جياڭ بولۇپ، بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى باجياخۇ مەھەللىسىگە كەلگەندىن كېيىن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە ئاتلىنىپ، نۇرغۇن تەجرىبە توپلىدى.

ئۈرۈمچىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن يۈز بەرگەندىن كېيىن، سۈن جياڭ باشلامچىلىق بىلەن بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرۇپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە مەھەللە خىزمەتچىلىرىنى يېتەكلەپ، تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەرگە ئەلا مۇلازىمەت قىلىپ، ئائىلىدە ئايرىۋېتىلگەنلەرگە پىسخىكىلىق يېتەكلەشنى ياخشى ئىشلەپ، تەۋەلىكتىكى يالغۇز تۇرىدىغان ياشانغانلار، تۆۋەن كاپالەت ئائىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاھالىلەرنىڭ ساغلاملىقى، ئامانلىقىنى قوغدىدى.

ئەستايىدىل سۈن جياڭ دەي چېڭشىن سېتىۋالغان نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ قولايلىق يېمەكلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆيىگە بېرىپ سۈرۈشتۈردى، بوۋاينىڭ ئۆيىدە يالغۇز ئىكەنلىكىنى، تاماق ئېتىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى، يەنە ئاشقازان كېسىلى بارلىقىنى، قولايلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. سۈن جياڭ ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، مەھەللە خىزمەتچىلىرىنى بوۋايغا تاماق ئېتىپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى، يەنە خىزمەتچىلەرگە تاماق ئەتكەندە ئاچچىق ئېتىۋەتمەسلىكنى ئالاھىدە تاپىلىدى.

سۈن جياڭ ئاھالىلەرنىڭ تەلىپىنى ئەزەلدىن كىچىكلىتىۋەرمەي، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەل قىلىپ بەردى. بۇ مەھەللىنىڭ شېڭخېيۈەن ئولتۇراق رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر دەنيۈەندىكى ئاھالىلەر كاردىدوردىن دائىم شاۋقۇن چىقىپ تۇرغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ كېچىدە ئۇخلىيالمىغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى. سۈن جياڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال مەھەللە خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ سەۋەبىنى ئىزدىدى. ئاخىردا شاۋقۇننىڭ بۇ دەنيۈەندىكى 402 ـ ئۆيدىن چىقىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى بايقىدى. كۆپ تەرەپلىمە ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ ئاچقۇچنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بېلىق ئىدىشىدا سۇ كەمچىل بولغاچقا، سۇ پومپىسىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى ئاۋاز چىقىرىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، ئۆي ئىگىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بېلىق ئىدىشىنى توكتىن ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، شاۋقۇنمۇ يوقاپ، ئاھالىلەرنىڭ تەلىپى ۋاقتىدا ھەل قىلىندى.

ئاھالىلەرنىڭ نەزەرىدىكى چاقماقتەك چاققان سۈن شۇجى «تۆمۈر ئادەم» ئەمەس. بۇ قېتىمقى يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، سۈن جياڭ سۈيدۈك يولىغا تاش چۈشۈش كېسىلى بىلەن جىددىي داۋالاشقا ئېلىپ بېرىلدى، گەرچە دوختۇر كېسەلخانىدا يېتىپ تاشنى ئېزىپ داۋالاشنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا دورا ئېلىپ ئىش ئورنىغا قايتىشتا چىڭ تۇردى. «مېنىڭ يىل بېشىدىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبەم بار، مەھەللە خىزمىتىنى بىر قەدەر پىششىق بىلىمەن، مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە ھەربىرىمىز ئۆز دائىرىمىزدىكى ئىشلارنى ياخشى قىلساقلا، ئاندىن ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلالايمىز».

سۈن جياڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاممىغا رىشتە باغلاپ، خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلىگەندە، ئاھالىلەرنىڭ قوللىشى ۋە چۈشىنىشىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، بۇمۇ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن كۈچ مۇجەسسەملىدى.

# باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى ياخشى قىلىش، توپلاشماسلىق كېرەك

**مۇتەخەسسىس ئەسكەرتمىسى**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جىلى بو خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچىدىكى قىسمەن رايون، ناھىيەلەرنىڭ يۇقۇم خەۋپ ـ خەتەر دەرىجىسى يۇقىرى، ئوتتۇرا ھال خەۋپ ـ خەتەردىن تۆۋەن خەۋپ ـ خەتەرگە تەڭشىلىشكە ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپلىك ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇدىر ۋىراچ لى فەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: كارخانا، سودا سارايى ۋە تاللا بازارلىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەيدان ـ سورۇنلاردا دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش ۋە تازىلىقنى پاكىز ياخشى قىلىشى، شەخسلەر توپلاشماسلىقى، مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى قىلىشى كېرەك.

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، لى فەن زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق تونۇشتۇردى: كارخانىلار ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە، خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشى كېرەك. ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن خادىملارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈپ، خادىملارنىڭ ساغلاملىق ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ، ساغلاملىقنى بىرتۇتاش ئىلغاپ تەكشۈرۈش، ئىش ئورنىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش، غىزالىنىشقا بىرتۇتاش تەشكىللەش، ئىشقا باردىغان، ئىشتىن چۈشكەنلەرنى بىرتۇتاش ئاپىرىپ ئەكېلىش كېرەك. ھەر كۈنى خادىملارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ، خاتىرە قالدۇرۇش كېرەك. خىزمەت مەيدان ـ سورۇنلىرىنى پاكىزلاپ، دېزىنفېكسىيەلەپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، خادىملارنىڭ توپلىشىشىنى ئازايتىش كېرەك. تەشۋىق ـ تەربىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى كۈچەيتىپ، خادىملارنى ياخشى تازىلىق ئادىتىنى ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

سودا سارايى ۋە تاللا بازارلىرى تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالاقىدار خادىملارنىڭ خىزمەت ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خادىملارنىڭ ئۇچۇرىنى توپلاش، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، سالامەتلىك ئەھۋالىنى ئىگىلەش قاتارلىقلارنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سودا سارايلاردا خادىملارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنى يولغا قويۇپ، ئاممىۋى رايون ھەم ئالاقىدار ئەسلىھەلەرنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش ۋە دېزىنفېكسىيەلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كىشىلەر توپىنىڭ گىرەلەشمە يۇقۇملىنىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك. خېرىدارلارنى تەرتىپلىك مال سېتىۋېلىشقا، ئارىلىق ساقلاشقا، توپلاشماسلىققا، تۇرماسلىققا يېتەكلەپ، يۇقىرى پەللە مەزگىلدىكى خېرىدار ئېقىمىنى كونترول قىلىشى كېرەك.

سودا سارايى، تاللا بازارلىرى مال مەنبەسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، بولۇپمۇ توڭلىتىلغان مەھسۇلاتلارنى جەزمەن نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خادىملار ئىش ئورنىغا چىققاندا جەزمەن ماسكا تاقىشى، خام، يېڭى توڭلىتىلغان مەھسۇلاتلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان خادىملار پەلەي كىيىشى كېرەك.

شەخسلەر ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە قارىتا لى فەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئۆينىڭ ھاۋاسىنى دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، تازىلىق پاكىزلىقنى ساقلاش ۋە دېزىنفېكسىيەلەش، ماسكا تاقاش، قولنى پات ـ پات يۇيۇپ تۇرۇش، توپلاشماسلىق، كىشىلەر زىچ توپلاشقان جايغا بارماسلىق كېرەك. كۈز، قىش پەسلى نەپەس يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى كۆپ يۈز بېرىدىغان مەزگىل، بالىلار، ياشانغانلار، تېنى ئاجىزلار ۋە ئاساس خاراكتېرلىك كېسىلى بارلار ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ۋاقتىدا كۆپەيتىشى، ئازايتىشى، سوغۇق ئۆتۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشى، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىشى، دەم ئېلىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك. تارقىلىشچان زۇكام ۋاكسىنىسىنى ئەملىتىپ، تارقىلىشچان زۇكام قاتارلىق نەپەس يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئالدىن تەۋسىيە قىلىمەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)